# ھەسەد قىلىشماڭلار، يالغان خېرىدار بولىۋالماڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، سودىنى بۇزۇپ بىر نەرسە ساتماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ھەسەد قىلىشماڭلار، يالغان خېرىدار بولىۋالماڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، ئاداۋەت قىلىشماڭلار، سودىنى بۇزۇپ بىر نەرسە ساتماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خورلىمايدۇ، يالغان ئېيتمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ. تەقۋادارلىق بۇ يەردە دەپ ئۈچ قېتىم كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلدى. مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنى كەمسىتىشى، قېنى ۋە يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈشى، مېلىنى ئېلىۋېلىشى قاتارلىق ئىشلار يېتەرلىك گۇناھدۇر

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلار توپىنى ئۆلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ: ئۆز-ئارا دوستانە، ئىناق-ئىتتىپاق، گۈزەل ئەخلاقتا يېتەكلەيدىغان ۋە شەرىئەت كۆرسەتكەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغان، ناچار ئىللەتلەردىن يىراق تۇرىدىغان، قەلبلەردىن ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ھەسەد، ئالدامچىلىق زۇلۇم قىلىش قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىردى. يۇقىرىقى ناچار ئىللەتلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىنى بۆلۈش ۋە ئاغرىنىشنى پەيدا قىلىدۇ. مۇسۇلمانغا ئازار بېرىش ھارامدۇر. مەيلى ئىقتىسادى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى مۇئامىلە، قول ۋە تىل ئارقىلىق بولسۇن ھەممىسى ھارامدۇر. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنى، پۇل-مېلى ۋە ئىززەت-ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر. ھەقىقى شەرەپ ۋە ھۆرمەت تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4706